# سەيياھ مىكروبلار



غۇنچىلار

مەنبە: قصص و حكايات بالعربي

سۆيۈملۈك دوستلار، مەن سىلەرگە مىكروبلار ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بېرەي.

مىكروبلار مەيىنەت، پاسكىنا جايلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ، كىر بولۇپ كەتكەن مەيىنەت قوللار مىكروبلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جايدۇر.



مىكروبلار ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، بىز ئۇلارنى كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز، ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن مىكروسكوپ ئىشلىتىشىمىز كېرەك، چۈنكى مىكروسكوپ بىزگە كىچىك نەرسىلەرنى چوڭايتىپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.



مىكروبلار كىر بولۇپ كەتكەن ئىشىك تۇتقۇچى ۋە ئەخلەت ساندۇقلىرىدا ياشايدۇ، ئۇلار ئىنتايىن كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى كۆرەلمەيمىز.



ئاممىۋى باغچىلاردىكى ھەرخىل ئويۇنچۇقلاردىمۇ مىكروبلار بولشى مۇمكىن، ئۇلار بىزنىڭ ساغلاملىقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.



بىز يېمەكلىك يېيىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قوللىرىمىزنى يۇيمىغاندا، مىكروبلار بىزنى يۇقۇملاندۇرۇپ قويىدۇ.



مكروبلار پاكىزلىقتىن ئىنتايىن قورقىدۇ، قوللىرىمىزنى سوپۇنلاپ يۇيغان ۋاقتىتا قوللىرىمىزدىكى مكروبلار شۇھامان ئۆلىدۇ.



ئسسق سۇ ۋە سوپۇن بلەن يۇيۇنغان ۋاقتمزدا بەدنمزدكى بارلق مكروبلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.



سۆيۈملۈك دوستلار، بىز دوستىمىز ئاغزىغا سېلىپ چىقىرۋەتكەن كەمپۈت ۋە سېغىزلارنى يېمەسلىكىمىز كېرەك، ئۇ نەرسىلەر مىكروبلىنىپ بىزنى يۇقۇملاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن، ئانام ماڭا ھەمىشە دوستۇم ئاغزىدىن چىقىرۋەتكەن كەمپۈتنى يېمەسلىكىمنى جېكىلەيدۇ.



مەن ئانامنىڭ پاكىزلىق ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قوللىرىمنى ھەرۋاقىت سوپۇنلاپ يۇيۇپ تۇرىمەن، شۇنداق قىلسام ھەرخىل كېسەللىكلەردىن ساقلىنالايمەن.
مەن سىلەرگە قول يۇيۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قوياي.

